شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 7 - ئاي
30
پەيشەنبە
维吾尔文 7 月30日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网：www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى：CN 65−0002/−W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى：1−57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى：xjrbdzb@xjdaily.com 25138 - سان بۈگۈن 4 بەت

مەركىزىي ھەربىي كومىتېت شاڭجياڭلىق ھەربىي ئۇنۋانغا ئۆستۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى

شى جىنپىڭ بۇيرۇقنامە تارقىتىپ بەردى ھەم ئۇنۋانى ئۆستۈرۈلگەن ئوفىتسېرنى تەبرىكلىدى

中央军委晋升上将军衔仪式

7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ شاڭجياڭلىق ھەربىي ئۇنۋانغا ئۆستۈرۈش مۇراسىمى بېيجىڭ 1 - ئاۋغۇست بىناسىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ شاڭجياڭلىق ھەربىي ئۇنۋانغا ئۆستۈرۈلگەن راكېتا ئارمىيەسىنىڭ جىڭۋېي يولداش شۈ جۇڭبوغا بۇيرۇقنامە تارقىتىپ بەردى.
شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى لى گاڭ فوتوسى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر مېي شىشيۇڭ) مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ شاڭجياڭلىق ھەربىي ئۇنۋانغا ئۆستۈرۈش مۇراسىمى 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى بېيجىڭ 1 - ئاۋغۇست بىناسىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ شاڭجياڭلىق ھەربىي ئۇنۋانغا ئۆستۈرۈلگەن راكېتا ئارمىيەسىنىڭ جىڭۋېي يولداش شۈ جۇڭبوغا بۇيرۇقنامە تارقىتىپ بەردى.

چۈشتىن كېيىن سائەت 4تىن 30 مىنۇتلار ئۆتكەندە، ئۇنۋان ئۆستۈرۈش مۇراسىمى ھەيۋەتلىك دۆلەت شېئىرى ساداسى ئىچىدە باشلاندى. مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شۈ چىلياڭ مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ ئىمزالىغان شاڭجياڭلىق ھەربىي ئۇنۋانغا ئۆستۈرۈش بۇيرۇقىنى ئوقۇدى. مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ يوۋشيا ئۇنۋان ئۆستۈرۈش مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

شاڭجياڭلىق ھەربىي ئۇنۋانغا ئۆستۈرۈلگەن شۈ جۇڭبو رەتلىك قىياپەتتە، كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق ھالدا رەئىس سەھنىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى. شى جىنپىڭ ئۇنىڭغا بۇيرۇقنامە تارقىتىپ بەردى ھەم تەبرىكلىدى. شاڭجياڭلىق ھەربىي ئۇنۋانى پاگونى تاقىغان شۈ جۇڭبو شى جىنپىڭغا سالام بەردى، مۇراسىمغا قاتناشقان بارلىق يولداشلارغا سالام بەردى، پۈتۈن مەيداندا قىزغىن ئالقىش ساداسى ياڭرىدى.

ئۇنۋان ئۆستۈرۈش مۇراسىمى ياڭراق ئارمىيە مارشى ساداسى ئىچىدە ئاخىرلاشتى.

مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ ئەزالىرىدىن ۋېي فېڭخې، لى زوچېڭ، مياۋ خۇا، جاڭ شېڭمىن ھەمدە ھەربىي كومىتېت ئورگىنىدىكى ھەرقايسى تارماقلار، بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق چوڭ ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى قاتارلىقلار ئۇنۋان ئۆستۈرۈش مۇراسىمغا قاتناشتى.

ئاپتونوم رايونىمىزدا بايراملىق بازارنىڭ تەمىناتى تولۇق، باھاسى مۇقىم بولدى

بايرام يېقىنلىشىپ قالدى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار قوي - كالا گۆشى قاتارلىقلارنىڭ بازار تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلدى، كەڭ مەھەللە خىزمەتچىلىرى مۇلازىمەت تەرتىپىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، ئاھالىلەرگە دەل جايىدا تەقسىملەپ يەتكۈزۈش مۇلازىمىتى قىلدى، كۆپ تەرەپ بىرلىكتە ھەرىكەتلىنىپ ھەر مىللەت ئاممىنىڭ تاماق ئۈستىلىنىڭ مول، كۆپ خىل بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. ھەر مىللەت ئاممىسى بەس - بەستە ئۆيلىرىنى تازىلاپ، خاس مەززىلىك يېمەكلىكلەرنى تەييارلاپ، بايرامنىڭ كېلىشىنى كۈتۈۋالدى.

يېڭى گۆش، مېۋە - چېۋە، كۆكتاتلار كۆزنى قاماشتۇردى

7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئەتىگەن سائەت 9دا، ئۈرۈمچى شەھىرى بازارغا سالغان شەھەر دەرىجىلىك زاپاس گۆش تيانشان رايونى سۈيچۈەن يولى تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى ياشلار يولى جەنۇبىي مەھەللىسىدىكى قوي - كالا گۆشىنى بىۋاستە سېتىش نۇقتىسىغا يەتكۈزۈلدى. «بۈگۈن دۇكاندا 400 كىلوگىرامدىن ئارتۇق زاپاس گۆش بار.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

乌鲁木齐市劳动和社会保障局
乌鲁木齐市社区蔬菜副食品直销点(牛羊肉直销点 天一095号)
翠泉路片区管委会青年路南社区
居民生活物资保障点

7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونى سۈيچۈەن يولى تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى ياشلار يولى جەنۇبىي مەھەللىسىنىڭ خىزمەتچىسى ئادىل قۇربان قوي - كالا گۆشى بىۋاستە سېتىش نۇقتىسىدىن ئاھالىلەر ئۈچۈن قوي - كالا گۆشى سېتىۋالدى. ئۈرۈمچى شەھىرى 7 - ئاينىڭ 29 - كۈندىن 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنىگىچە، تەكشى باھالىق قوي - كالا گۆشىنى ئۇدا سالىدۇ، مۆلچەرلىنىشچە، 200 توننا قوي گۆشى، 150 توننا كالا گۆشى سېلىپ، كەڭ شەھەر ئاھالىلىرىنى تەكشى باھالىق گۆش، خاتىرجەم گۆش ئىستېمال قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىكەن.
□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز سەي زېڭلې فوتوسى

شى جىنپىڭ ئاسپىرانتلار مائارىپى خىزمىتىگە مۇھىم يوليورۇق بېرىپ مۇنداق تەكىتلىدى

پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىپ، زور تۈركۈم ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك يۇقىرى قاتلام ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش كېرەك

لى كېچياڭ تەستىقىي يوليورۇق بەردى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر خۇ خاۋ) جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يېقىندا ئاسپىرانتلار مائارىپى خىزمىتىگە مۇھىم يوليورۇق بېرىپ مۇنداق كۆرسەتتى: جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يېڭى دەۋرگە كىردى، پات ئارىدا ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش ئاساسىدا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىگە قەدەم قويىمىز، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى زور تۈركۈم ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك يۇقىرى قاتلام ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشكە جىددىي ئېھتىياجلىق.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئاسپىرانتلار مائارىپى يېڭىلىق يارىتىش ئىختىساسلىقلىرىنى تەربىيەلەش، يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا مۇلازىمەت قىلىش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينايدۇ. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر ئاسپىرانتلار مائارىپىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئاسپىرانتلار مائارىپىنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولۇپ، «تۆت ئۈچۈن» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، پەن - تېخنىكىنىڭ ئالدىنقى سېپى ۋە ئاچقۇچلۇق ساھەلىرىنى نىشانلاپ، پەن كەسىپلىرىنى تەڭشەشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ ئومۇمىي بۇيرۇق ئىمزالاپ،

ئۈچ ئورۇن، بەش شەخسكە تۆھپە يازدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى تېلېگراممىسى مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يېقىندا ئومۇمىي بۇيرۇق ئىمزالاپ، ئۈچ ئورۇن، بەش شەخسكە تۆھپە يازدى.

جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى ھۆرمەت قاراۋۇللىرى چوڭ ئەترىتى، دېڭىز ئارمىيەسى «خېپىڭ فاڭجوۋ» نامىلىق دوختۇرخانا پاراخوت، ھەربىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ مەلۇم تەتقىقات ئورنىغا 1 - دەرىجىلىك تۆھپە يېزىلدى؛ قۇرۇقلۇق ئارمىيە برونېۋىك قىسمى شۆيۈەنى مەلۇم ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ پروفېسسورى شەن دۇڭشېڭ، قۇرۇقلۇق ئارمىيە توپچى قىسمى - ھاۋا مۇداپىئە قىسمى شۆيۈەنى مەلۇم ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ پروفېسسورى ۋەن مىڭجيې، دېڭىز ئارمىيە چۆكمە پاراخوت شۆيۈەنى مەلۇم تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇدىرى، پروفېسسور دا لياڭلۇڭغا 2 - دەرىجىلىك تۆھپە يېزىلدى؛ 96911 - قىسىم مەلۇم تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئىنژېنېرى تەن كېكې، دۆلەت مۇداپىئە داشۆسى مەلۇم شۆيۈەنىڭ ئالىي ئىنژېنېرى خۇ شياۋفېڭغا 3 - دەرىجىلىك تۆھپە يېزىلدى.

بېيدوۋ 3 - نومۇرلۇق يەرشارىۋى سۈنئىي ھەمراھ يول باشلاش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتۈش ھەم ئېچىش مۇراسىمى 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئۆتكۈزۈلىدۇ

شى جىنپىڭ قاتنىشىدۇ

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى تېلېگراممىسى بېيدوۋ 3 - نومۇرلۇق يەرشارىۋى سۈنئىي ھەمراھ يول باشلاش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتۈش ھەم ئېچىش مۇراسىمى 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە خەلق سارىيىدا ئۆتكۈزۈلىدۇ. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ مۇراسىمغا قاتنىشىدۇ.

شۇ ۋاقىتتا، مەركىزىي رادىيو - تېلېۋىزىيە باش ئىستانسىسى نەق مەيداندىن بىۋاستە كۆرسىتىدۇ.

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

ئويلاپمۇ باقماپتىمىز! كىچىككىنە نان چوڭ كەسىپكە ئايلاندى

كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە نەزەر ④

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز ياڭ شۇخەن، جاڭ جىلى، ۋاڭ جېن، ئەن شيۇ، جانبولات مانارىبېك

يەرگىچە تۇتاشقان يورۇق دېرىزە، بىرتۇتاش خىزمەت كىيىمى، رەتلىك مەشغۇلات سۇپىسى، تېمپېراتۇرىسىنى كونترول قىلغىلى بولىدىغان يېڭى تىپتىكى تونۇر، ھالقىمۇھالقا گىرەلىشىپ كەتكەن ئىشلەپچىقىرىش ئىش تەرتىپى… ئەگەر ئۆزى مۇشۇ يەردە بولمىغان بولسا، ئادىلجان سادىق ئىلگىرىكى قويۇق ئىس - تۈتەك ئىچىدە، چىلىق - چىلىق تەرلەپ كىيىملىرى ھۆل بولۇپ كەتكەن ھالدا نان ياقىدىغان تۇرمۇشىنىڭ ھازىرقىدەك بۇنداق تەرەققىي قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى.

ئادىلجان قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ پەيزىۋات ناھىيەسى تېرىم يېزىسى بەخت كەنتىدىكى كەنت ئاھالىسى بولۇپ، ئۇنىڭ خىزمەت تەسىراتى يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

شۆھرەت زاكىر ئۈرۈمچى شەھىرىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

بىرتۇتاش پىلانلاشنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى تەمىناتىنىڭ تولۇق، باھاسىنىڭ مۇقىم بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ۋاڭ يۈفېي** خەۋەر قىلىدۇ: 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئۈرۈمچى شەھىرى شىنلىيەن يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى توپ سېتىش بازىرى ۋە بېيىۋەنچۈەن مېۋە - چېۋە، كۆكتات بازىرىغا بېرىپ، يۇقۇم مەزگىلىدىكى تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرى تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىش ھەم ئەشيا ئوبوروتى توشۇش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ قانچىكى ئاچقۇچلۇق مەزگىلدە،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

لى پېڭشىن ئاپتونوم رايونلۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەركىزىدە مۇتەخەسسىسلەر سۆھبەت يىغىنى ئاچتى

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ئىلمىي، دەل جايىدا قانات يايدۇرۇش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ قوماندانى لى پېڭشىن ئاپتونوم رايونلۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەركىزىدە مۇتەخەسسىسلەر سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

سۆز ھەممىگە

تېببىي خادىملارنىڭ مېھرىبان قەلبىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرەيلى

☐ جاڭ بېي

ئىككى كۈندىن بۇيان، مۇنداق بىر بۆلەك سىن دوستلار چەمبىرىكىدە كەڭ تارقالدى: شىنجاڭ تېببىي داشۆسى قارمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانىنىڭ سېسترالىرى ئاھالىلەرنىڭ نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈپ ئەۋرىشكە ئېلىشنى تاماملاپ ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ قايتىش يولىدا، ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقان قاتناش ساقچىلىرى ئۇلارغا كوللېكتىپ سالام بېرىپ ئېھتىرام بىلدۈرگەن. سىندا دوختۇر - سېسترالار «بەك تەسىرلەندۇق» «ھەرقانچە جاپا تارتساقمۇ ئەرزىيدۇ» دېيىشكەن. سىن سىرتىدا، بۇ كۆرۈنۈشنى توختىماي چېكىپ تارقىتىۋاتقان بىزنىڭ داۋالاش - سەھىيە خىزمەتچىلىرىگە سەممىمىي ھالدا شۇنداق دېگۈمىز بار: كىشىلەرنى ھەقىقىي تەسىرلەندۈرۈۋاتقىنى سىلەر، سىلەرنىڭ ئۆزۈڭلارنى بېغىشلىشىڭلار، مەسئۇلىيەتچانلىقىڭلار

(ئاخىرى 4 - بەتتە)